


# جاڭ لى: 24 ياشتىكى ئەبەدىيلىك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، خېفېي تېلېگراممىسى (مۇخبىر چېن نو)** قاتىلنىڭ قولىدىكى پارقىراپ تۇرغان پىچاق ئالدىدا، خەلق ساقچىسى جاڭ لى خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشنى تاللىدى، ئېغىر يارىلانغاندىن كېيىنمۇ يەنىلا جاسارەت بىلەن قوغلاپ زەربە بېرىپ، ئاخىر قاتىلنى تۇتۇش يولىدا يىقىلدى.

جاڭ لى 2006 ـ يىلى 6 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، 2008 ـ يىلى 8 ـ ئايدا جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان، ھايات ۋاقتىدا ئەنخۇي ئۆلكىسى ۋۇخۇ شەھىرى فەنچاڭ ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى خېڭشەن ساقچىخانىسىدا خەلق ساقچىسى بولغان.

2010 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، فەنچاڭ ناھىيەسىنىڭ فەنياڭ بازىرى سەنيۈەن كەنتى خېيەن گۇرۇپپىسىدا بىر ئېغىر، زور جىنايى ئىشلار دېلوسى يۈز بەرگەن، جىنايەت گۇماندارى گاۋ X پىچاق بىلەن ئىككى ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ قېچىپ كەتكەن. ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، جاڭ لى خىزمەتداشلىرى بىلەن بىرلىكتە جىنايەت گۇماندارى يوشۇرۇنۇۋېلىش ئېھتىمالى بولغان تاغ ئورمانلىقىدا تىزگىنلەپ قورشاپ تۇتۇش، نۆۋەتتە تۇرۇپ ساقلاشنى قانات يايدۇرغان. بۇ قورشاپ تۇتۇش 11 كۈن داۋاملاشقان، جاڭ لى ھەر كۈنى پەقەت ئۈچ ـ تۆت سائەت ئۇخلاپلا يەنە جەڭگە ئاتلانغان.

7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ساقچى تەرەپ ئامما تەمىنلىگەن قورشاپ تۇتۇش رايونى ئەتراپىدا جىنايەت گۇماندارىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر كىشىنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى مەلۇماتنى تاپشۇرۇۋالغان، جەڭگە قاتناشقان بارلىق خەلق ساقچىسى دەرھال جەڭ قىلىش ئورنىغا تەق بولۇپ، بۇ رايوننى ئالا قويماي ئاختۇرغان ۋە نۆۋەتتە تۇرۇپ توسقان. جاڭ لى تەشەببۇسكارلىق بىلەن سەنيۈەن كەنتى ئەتراپىدا ساقلاپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلغان، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ مەسئۇليەت رايونىنىڭ خەلق ساقچىسى ئىكەنلىكىنى، گاۋ Xنى خېلى چۈشىنىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئورۇنلاشتۇرۇلما بويىچە، جاڭ لى ئىككى خىزمەتدىشى بىلەن بىللە گاۋ Xنىڭ نەۋرە ئىنىسىنىڭ ئۆيىگە باردىغان يول ئېغىزىدا ساقلاپ تۇرغان.

شۇ كۈنى كەچ سائەت 10 ئەتراپىدا، ساقلاپ تۇرغان يول بۆلىكىدە ۋېلسىپېت مىنگەن بىر ئەر پەيدا بولغان، جاڭ لى دەرھال كۈچلۈك نۇرلۇق قولچىراغنى ۋېلسىپېت مىنگۈچىگە قارىتىپ ياندۇرۇپ، ئۇنىڭ دەل جىنايەت گۇماندارى گاۋ X ئىكەنلىكىنى بايقىغان.

«توختا!» جاڭ لى ئۈنلۈك ۋارقىرىغان، گاۋ X ئاۋازنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تېزدىن ئالدىغا قاراپ قاچقان، جاڭ لى ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى تېز قوغلىغان. تەخمىنەن 100 مېتىرچە قوغلىغاندىن كېيىن، جاڭ لى جىنايەت گۇماندارىنى ۋېلسىپېتتىن تارتىپ چۈشۈرگەن، گاۋ X تۇتۇشقا قارشىلىق كۆرسىتىپ، يېنىدا ئېلىپ يۈرگەن پىچاقنى جاڭ لىنىڭ دۈمبىسىگە تىققان.

پىچاق تىقىلغاندىن كېيىن جاڭ لى يىقىلغان، گاۋ X بۇنىڭ بىلەن تىزگىندىن قۇتۇلۇپ، داۋاملىق قاچقان. جاڭ لى ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئاغرىق ئازابىغا بەرداشلىق بېرىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، خىزمەتداشلىرى بىلەن ئۇنى توختىماي قوغلىغان ھەم خىزمەتداشلىرىغا: «ماڭا پىچاق تىقىۋەتتى، ئۇنىڭ يېنىدا پىچاق بار ئىكەن!» دەپ ئەسكەرتكەن.

30 نەچچە مېتىر قوغلىغاندىن كېيىن، جاڭ لى ئېغىر يارىلانغانلىقتىن يەنە بىر قېتىم يىقىلىپ چۈشكەن. قالغان ئىككى خەلق ساقچىسى ئېتىلىپ بېرىپ گاۋ Xنى بويسۇندۇرغان. ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا جىددىي ئاپىرىش يولىدا، جاڭ لى كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا خىزمەتداشلىرىدىن: «ئۇنى تۇتتۇڭلارمۇ؟» دەپ سوراپ، ئېنىق جاۋابقا ئېرىشكەندىن كېيىن ھوشىدىن كەتكەن. جاڭ لى قايتا ھوشىغا كەلگەندە، تىنىقى ئاجىزلاپ ئەڭ ئاخىرقى بىر جۈملە سۆزىنى قالدۇرۇپ: «مەن كەتسەم بولمايدۇ، مېنىڭ يەنە قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشىم بار» دېگەن، شۇنداق قىلىپ، جاڭ لى باتۇرلارچە قۇربان بولغان، شۇ يىلى ئەمدىلا 24 ياشتا ئىدى.

2010 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، جاڭ لى ئەنخۇي ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «ئىنقىلابىي قۇربان» دەپ تونۇلۇپ تەستىقلانغان. شۇ يىلى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئەنخۇي ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى تەرىپىدىن «ئۆلكىلىك مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» دەپ تولۇقلاپ نام بېرىلگەن، ئەنخۇي ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى، ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتى، ئۆلكىلىك ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى تەرىپىدىن تۇنجى نۆۋەتلىك «ئۆلكىلىك مۇنەۋۋەر سىياسىي ـ قانۇن كادىر ـ ساقچىسى» بولۇپ تەقدىرلەنگەن. 2011 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى 2 ـ دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى» دەپ تولۇقلاپ نام بېرىلگەن.

جاڭ لى جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقاندىن بۇيان، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا خىزمەت قىلغان. تەۋەلىك رايونى يېزىغا جايلاشقان بولۇپ، كوچىمۇ نوپۇسمۇ مۇرەككەپ، خىزمەت ۋەزىپىسى ئېغىر بولسىمۇ، لېكىن ئۇ جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقماي، تەۋەلىكىدە جەمئىيەت ئامانلىقى بويىچە ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بەرگەن، زىددىيەت، ماجىرالارنى ئەستايىدىل رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ پەسەيتكەن، تەۋەلىك رايونىنىڭ ئامانلىق ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلانغان.

2017 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، جاڭ لىنىڭ ھەيكىلى خېڭشەن ساقچىخانىسىغا ئورنىتىلدى. ھەر يىلى چىڭمىڭدا، ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە كۈنىدە، جاڭ لى قۇربان بولغان كۈندە، سەپداشلىرى ۋە شۇ جايدىكى ئامما ئۆزلۈكىدىن كېلىپ ئۇنىڭغا ئېھتىرام بىلدۈردۇ.

# تەي جۇڭلى: بىر سەكرەش بىلەن جاھاننى تەسىرلەندۈردى

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى جىيا چىلۇڭ

ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى ھازىرغىچە يەنىلا ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرىنى مەدھىيەلىمەكتە ——

سابىق شېنياڭ ھەربىي رايونى مەلۇم چېگرا مۇداپىئە تۈەنىنىڭ مۇۋەققەت پەيجاڭى تەي جۇڭلى سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئاممىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن سەكرەپ، 23 ياشلىق ياش ھاياتىنى مەڭگۈلۈك ئاخىرلاشتۇردى.

2009 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، تەي جۇڭلى بىرنەچچە سەپدىشى بىلەن دەريا بويىلاپ چارلاۋاتقاندا، تۇيۇقسىز بىرەيلەننىڭ سۇغا چۈشۈپ كېتىپ، قۇتقۇزۇڭلار دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغان. ئۇ دەرھال ۋەقە يۈز بەرگەن جايغا ئېتىلىپ بېرىپ، دەرياغا سەكرىگەن. كۆپ تىركىشىش ئارقىلىق، ئۇ پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلىپ يىگىتنى سۇ يۈزىگە چىقارغان.

كېيىن، سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ياش جاڭ ۋېنلى قۇتقۇزۇۋېلىنغان، تەي جۇڭلى دەريا سۈيىگە غەرق بولغان.

ئىنقىلابىي قۇرباننىڭ ئىش ئىزلىرىنى رەتلىگەندە، ئەسكەر بولغىنىغا ئەمدىلا ئۈچ يىل بولغان تەي جۇڭلىنىڭ ئىلگىرى كۆپ قېتىم ئادەم قۇتقۇزغانلىقىدەك ئىش ـ ھەرىكىتى بايقالغان ——

2006 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، تەي جۇڭلى ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇستا ئولتۇرۇپ لېيەندۈيگە قايتقان. بىر يولۇچىنىڭ تۇيۇقسىز مېڭىسىگە قان چۈشكەن، تەي جۇڭلى دەرھال ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ، يېنىدىكى بار بولغان 500 يۈەننىڭ ھەممىسىنى چىقىرىپ دوختۇرخانىدا يېتىش زاكالەت پۇلىنى تۆلىگەن، يەنە دوختۇرخانىدا يېتىش تالونىدىكى «ئاغرىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى» دېگەن كاتەكچىگە، ئەستايىدىللىق بىلەن «تۇغقىنى» دەپ تولدۇرغان.

2007 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، كەنت ئاھالىسى ۋاڭ چۈنشۈينىڭ ئۆيىگە ئوت كەتكەن. ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان تەي جۇڭلى ئۆيىگە ئېتىلىپ كىرىپ، ۋاڭ چۈنشۈينىڭ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان خوتۇنىنى يۆلەپ ئېلىپ چىققان، ئاندىن چېلەكتىكى سۇنى بەدىنىگە چېچىپ، ئۆگزىگە چىقىپ ئوت ئۆچۈرگەن. ئوت ئۆچكەن، تەي جۇڭلىنىڭ يۈزى، پۇتىنىڭ دۈمبىسى، بىلىكى كۆيۈپ سۇلۇق قاپارتما ئۆرلەپ كەتكەن.

2007 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، تۆت ياشلىق ئوغۇل بالا جياڭ پېڭ تېيىلىپ دەرياغا چۈشۈپ كەتكەن. تەي جۇڭلى دەل چارلاپ قايتىپ كېلىۋاتقان بولۇپ، دەرھال دەرياغا سەكرەپ چۈشۈپ بالىنى قۇتقۇزۇپ قىرغاققا ئېلىپ چىققان...

تەي جۇڭلى موڭغۇل ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقى ئۇنىڭدا ساداقەتمەنلىك، ۋاپادارلىق، مېھرىبانلىقنى يېتىلدۈرگەن. مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدا، ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «قىزىل گالستۇكلۇقلار بۈركۈت چۈجىسى مېدالى»، «ئۆگىنىش مېدالى»، «مۇھىت ئاسراش مېدالى»، «ئۆز كۈچىگە تايىنىش مېدالى»، «ئەمگەك مېدالى»، «ئۆزىنى قوغداش مېدالى» قاتارلىق مېداللارغا ئېرىشكەن. ھەربىي گازارمىغا ئاتلانغاندىن كېيىن، ئۇ پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسى ئارقىلىق ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، پۈتۈن تۈەندە ئون خىل تەلىم ـ تەربىيە ئۇسۇلى نەتىجىسىنى ئومۇملاشتۇرغان، 14 مۇنەۋۋەر ئەسكەرنى يېتىشتۈرۈپ چىققان، ئىككى «قورال ـ زەمبىرەككە ماھىر بەن»نى يېتەكلەپ چىققان.

ئەزىمەت قۇربان بولغان بولسىمۇ، روھى ئۆچمەيدۇ.

قەھرىمان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، باللار كۆيۈۋاتقان ئاق شامدىن دەريا تۇسمىسىدا «يۈرەك» شەكلىنى ھاسىل قىلدى. جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە تەقدىم قىلغان گۈل چەمبىرەكلەر نەچچە يۈز مېتىرغا سوزۇلدى، كىشىلەر يامغۇردا «ھاياتلىق ئابىدىسى، مەڭگۈلۈك تەسىرات»، «قەھرىمان جەڭچى تەي جۇڭلى، خەلقنىڭ ياخشى ئوغلى خاتىرجەم مېڭىڭ» قاتارلىق خەتلەر يېزىلغان لوزۇنكىلارنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، قەھرىماننى ئاخىرقى قېتىم ئۇزىتىپ قويدى.

ھازىرغا قەدەر، ھەر قېتىملىق چىڭمىڭ، تەزىيە كۈنىدە قەھرىمان قۇربان بولغان جايدىكى كەڭ ھەربىي، خەلق ۋە ئۇنىڭ يۇرتىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللار بىلەن بۇ قەھرىماننى چوڭقۇر ياد ئېتىپ كەلمەكتە.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، خاربىن تېلېگراممىسى)

# لىيۇ يىچۈەن: ھەربىي ئارخىپ توپلىغان تۇنجى كىشى

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لى يۈن


لىيۇ يىچۈەننىڭ سۈرىتى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان (ۋاڭ ئەنمىن فوتوسى)

لىيۇ يىچۈەن ئۆمرىدە ئۈچ ئىشنى قىلغان: ئارمىيەمىزنىڭ ئارخىپ بايلىقى سىستېمىسىنى كېڭەيتكەن، تولۇقلىغان ۋە قۇرغان، ئارمىيەنىڭ ئارخىپ توپلاش خىزمىتى تۈزۈمىنى تۈزۈپ شەكىللەندۈرگەن، جۇڭگو ـ ئامېرىكا ھەربىي ئىشلار ئالاقىسىگە پائال تۆھپە قوشقان.

بۇ ئۈچ ئىشنى لىيۇ يىچۈەن پۈتۈن ئۆمرىنى سەرپ قىلىپ پۈتتۈرۈپ چىققان.

لىيۇ يىچۈەن، سىچۈەن دېياڭدىن، 1968 ـ يىلى ھەربىي سەپكە كىرگەن، سابىق ئازادلىق ئارمىيە ئارخىپخانىسىنىڭ خادىمى، «پۈتۈن مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» قاتارلىق ناملارغا ئېرىشكەن، ئازادلىق ئارمىيە ئارخىپخانىسىنىڭ كەسپىي ئالىي مۇكاپاتى —— «لەنتەي مۇكاپاتى»نىڭ ئالاھىدە مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، «ھەربىي ئارخىپ توپلىغان تۇنجى كىشى» دېگەن نامغا ئېرىشكەن.

ئارخىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان 38 يىلدا، لىيۇ يىچۈەننىڭ قەدىمى پۈتۈن مەملىكەتتىكى 300دىن ئارتۇق ناھىيە، شەھەرگە يەتكەن، ئارمىيەمىزنىڭ 830 مىڭدىن ئارتۇق تارىخىي ئارخىپىنى توپلىغان ۋە قوبۇل قىلغان، بۇلار ئارمىيەمىزنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي مەزگىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، پارتىيەنىڭ قوراللىق كۈرەشكە رەھبەرلىك قىلىشى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە چېتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە ماۋ زېدۇڭ، جوۋ ئېنلەي، دېڭ شياۋپىڭ قاتارلىق پېشقەدەم بىر ئەۋلاد ئىنقىلابچىلارنىڭ قول يازمىلىرى، ھەرقايسى مەزگىللەردىكى ئۇرۇش ھۆججەتلىرى، بۇيرۇقلار، قىزىل 13 ـ ئارمىيە، قىزىل ئارمىيە بېيىڭ ـ خەنكۇ لىنىيەسىدىكى پارتىزانلار ئەترىتى قاتارلىق قىزىل ئارمىيەنىڭ تارقاق قىسىملىرىنىڭ قىممەتلىك ئارخىپ بۇيۇملىرى قاتارلىقلار بار بولۇپ، ئارمىيەمىزنىڭ ئارخىپ بايلىقى سىستېمىسىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتكەن، تولۇقلىغان.

بۇ ئارخىپلاردىن پايدىلىنىپ، ئارمىيەمىزنىڭ يوقاپ كەتكەن ۋە قۇربان بولغان 10 مىڭغا يېقىن خادىمىنىڭ ئىز ـ دېرەك يىپ ئۇچى تەكشۈرۈپ تېپىلغان.

كۆپ يىل ئارخىپ بىلەن ھەپىلەشكەن لىيۇ يىچۈەن ئارخىپ توپلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، جەزمەن تۈزۈم جەھەتتە سىستېما قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسى ئۈستىدە ئىزدىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتكەن. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ «جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى ئارخىپخانىسىنىڭ ھۆججەت، ئارخىپلارنى قوبۇل قىلىش تەپسىلىي قائىدىسى»نى ئاساسلىق قەلەم تەۋرىتىپ تەييارلاپ چىققان. مەزمۇنى ئارخىپ قوبۇل قىلىش خىزمىتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ، ئارمىيەمىزنىڭ ئارمىيە ھۆججەت، ئارخىپلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش، قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى سىستېمىلىق قېلىپلاشتۇرغان تۇنجى قائىدە ـ نىزام خاراكتېرلىك ھۆججەت بولۇپ، ئارخىپ خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىغا مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن.

جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىككى ئارمىيە ئارخىپ ھەمكارلىقىنىڭ مۇقەددىمىسى باشلانغاندا، لىيۇ يىچۈەن ئالدىبۇرۇن پېنسىيەگە چىققانىدى. ئارمىيەمىزنىڭ يوقاپ كەتكەن ۋە قۇربان بولغان خادىملىرىنىڭ ئارخىپىنى سۈرۈشتۈرۈش تەجرىبىسىگە ئىگە بولغاچقا، ئۇ جۇڭگو ـ ئامېرىكا ھەربىي ئىشلار ئارخىپ ھەمكارلىقى ئىشخانىسىنىڭ مۇتەخەسسىس ئەزالىقىغا قايتا تەكلىپ قىلىنغان.

بۇ مەزگىلدە، لىيۇ يىچۈەنگە تۈز ئۈچەي راكىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان. كېسەللىك ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئارخىپخانا رەھبەرلىرىگە قويغان بىردىنبىر تەلىپى بولسا، داۋراڭ سالماسلىق بولغان، ئۇ قېپقالغان ئارخىپلارنىڭ ھەممىسىنى تەكشۈرۈپ تۈگەتمەكچى ئىدى. «مەن بىر ماتېرىيالىزمچى، ھايات ـ ماماتنى ئوبدان چۈشىنىمەن.» لىيۇ يىچۈەن: «ئەگەر چارچاپ ئۆلۈپ كەتسەممۇ، مەن رازى» دېگەن.

ئىككى قېتىم ئوپېراتسىيە قىلىنغاندىن كېيىن، لىيۇ يىچۈەن يەنە سەككىز ئاي خىزمەت قىلىپ، 5000 پارچىدىن ئارتۇق ئارخىپنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ چىققان. ئامېرىكىغا چېتىشلىق ئارخىپ ئۇچۇرلىرىنى تەكشۈرۈپ تېپىپ، ئامېرىكا تەرەپنى چاۋشيەن ئۇرۇشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە يوقاپ كەتكەنلەرنى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن مۇھىم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەپ، ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئەسىرلەر ۋە يوقاپ كەتكەن خادىملارنى ئىزدەش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىپ، جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ ئەمەلىي ھەمكارلىقىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشقان.

2010 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، لىيۇ يىچۈەن كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان. جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە بەس ـ بەستە ھەر خىل يول ۋە ئوخشاش بولمىغان شەكىلدە ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمەت ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن، شۇنداقلا بۇ «ھەربىي ئارخىپ توپلىغان تۇنجى كىشى»نى مەڭگۈ ئېسىدە چىڭ ساقلىغان —— «ئۇ ئۆزىنى سان ـ ساناقسىز ئارخىپ بىلەن تولغان ئارخىپ ئامبىرىغا بېغىشلىدى، بىر ئورۇندۇق، بىر ئۈستەل، بىر لوپا ئەينەك، بىر جۈپ ئاق پەلەي ئۇنىڭغا 38 يىل ھەمراھ بولدى. ئۇ پىداكارلىق بىلەن جان تىكىپ ئىشلەپ، ئاددىي ـ ساددا ياشاپ، قالتىس نەتىجىلەرنى ياراتتى».

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ تېلېگراممىسى)

# شېن خاۋ: جان ـ دىلى بىلەن خەلقنى كۆزلىدى، شەخسىيەتسىز تۆھپە قوشتى


**2008 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، شېن خاۋ (ئالدىنقى رەت ئوڭدا) چوڭ ھۆددىگەرلىك باشلامچىلىرى بىلەن شياۋگاڭ كەنتىنىڭ ئىسلاھات ـ تەرەققىيات ئەھۋالى توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇرماقتا.**

**□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى ۋاڭ لى فوتوسى**

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، خېفېي تېلېگراممىسى (مۇخبىر جاڭ زىيۈن)** ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ فېڭياڭ ناھىيەسى شياۋگاڭ كەنتىدىكى شېن خاۋ خاتىرە سارىيىدا، شېن خاۋنىڭ ھەيكىلى، ھايات ۋاقتىدا ئىشلەتكەن بۇيۇملىرى، يازغان خىزمەت خاتىرىسى، شۇنداقلا ئېرىشكەن شەرەپلىرى تىزىپ قويۇلغانىدى. شېن خاۋ ھايات ۋاقتىدا تۇرغان ياتاقتا، كىتاب بىلەن توشۇپ كەتكەن ئۈستەل ئىشكاپ، ئاددىي كارىۋات شۇ جايدىكى ئاھالىلەر تەرىپىدىن ئۆز پېتى ساقلاپ قېلىنغان بولۇپ، خۇددى ئۇ ئەزەلدىن ئايرىلىپ باقمىغاندەك تۇراتتى.

شېن خاۋ، 1964 ـ يىلى 5 ـ ئايدا تۇغۇلغان، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئەنخۇي ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىدە مۇئاۋىن مۇدىر دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى، مۇدىر دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى، كاندىدات تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچى بولغان. 2004 ـ يىلى 2 ـ ئايدا شېن خاۋ ئەنخۇي ئۆلكىسى كەنتتە ۋەزىپە ئۆتەشكە تاللاپ ئەۋەتكەن كادىر بولۇش سۈپىتى بىلەن، فېڭياڭ ناھىيەسى شياۋشىخې بازىرىغا بېرىپ پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شياۋگاڭ كەنتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ 1 ـ شۇجىسى، كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان.

«ئۆلكە مەركىزىدىن كەلگەن كادىر» شېن خاۋ دەسلەپ شياۋگاڭغا كەلگەندە، كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ ھېسابات دەپتىرىدە پەقەت 30 مىڭ يۈەن كوللېكتىپ قەرزىلا بار ئىدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئىككى ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ، پۈتۈن كەنتتىكى 108 ئائىلىگە ئىككى قېتىمدىن قاتراپ، ئەمەلىي ئەھۋالنى كۆرگەن، راست گەپنى ئاڭلىغان، ئاندىن كەنتتىكى تايانچ خادىملارنى باشقا جايدىكى داڭلىق كەنتلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا تەشكىللىگەن، كۆپچىلىك بىرلىكتە شياۋگاڭنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن «تومۇر تۇتۇپ كېسەل كۆرگەن».

پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن يېزىدا يىلتىز تارتىش ئۈچۈن، شېن خاۋ ئالدى بىلەن ئىزچىل ئۆزى بىلەن بىللە ياشاپ كېلىۋاتقان ئانىسىنى يېزىدىكى ئاكىسىغا ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا ھاۋالە قىلغان، يەنە ئۆلكە مەركىزىدىكى قىزىنى يېزىغا ئېلىپ كېلىپ ئوقۇتقان.

شېن خاۋنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شياۋگاڭ كەنتىنىڭ تەرەققىيات يولى بارغانسېرى روشەنلەشكەن، شياۋگاڭلىقلارنىڭ كۈرەش قىلىش قىزغىنلىقى بارغانسېرى يۇقىرى ئۆرلىگەن: يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودىسى قىيىن بولسا، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى قۇرغان؛ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى تۆۋەن بولسا، كۆلەملىك ئىگىلىك ئۈستىدە ئىزدەنگەن؛ كىرىم قۇرۇلمىسى بىرلا خىل بولسا، «چوڭ ھۆددىگەرلىك خاتىرە سارىيى»نى سالدۇرۇپ، ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرغان... شياۋگاڭ كەنتىنىڭ قىيىن ۋەزىيىتى تەدرىجىي ئۆزگەرگەن.

2008 ـ يىلى شياۋگاڭ كەنتىدىكى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 6600 يۈەنگە يېتىپ، ئەينى چاغدا ئۆلكە بويىچە كىشى بېشى ئوتتۇرىچە سەۋىيەدىن 39% ئېشىپ، شېن خاۋ دەسلەپتە شياۋگاڭ كەنتىگە كەلگەن چاغدىكىنىڭ ئۈچ ھەسسىسىگە توغرا كەلگەن. شياۋگاڭلىقلار ئۇنى «بىز ئايرىلالمايدىغان ياخشى كادىر» دەپ ئاتىغان.

شېن خاۋ خىزمەتنى قالتىس ئىشلەپ، ئامما قايىل بولغاچقا، شېن خاۋنىڭ ئىككى قارارلىق ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشاي دېگەندە، شياۋگاڭلىقلار ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي، ئىككى قېتىم قىپقىزىل بارماق ئىزىنى بېسىپ ئۇدا ۋەزىپە ئۆتەشنى «ئۆتۈنۈپ»، ئۇنىڭ داۋاملىق شياۋگاڭلىقلارغا باشلامچىلىق قىلىپ ئىسلاھات ـ تەرەققىيات ئۈستىدە ئىزدىنىشنى ئۈمىد قىلغان.

شېن خاۋ ئۆزىنىڭ ياش ھاياتى بىلەن كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ پارتىيە ۋە خەلققە بولغان چەكسىز ساداقىتىنى ئىپادىلىگەن. 2009 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، ئەمدىلا 45 ياشقا كىرگەن ئۇ ھاردۇق يېتىپ ئاغرىقچان بولۇپ قېلىپ، يۈرەك كېسىلى تۇيۇقسىز قوزغىلىپ ئالەمدىن ئۆتكەن. كۆزىگە لىق ياش ئالغان شياۋگاڭلىقلار يەنە بىر قېتىم بارماق ئىزىنى بېسىپ، شېن شۇجىنىڭ شياۋگاڭدا مەڭگۈ «قېلىشى»نى تەلەپ قىلغان.

شېن خاۋ قۇربان بولغاندىن كېيىن، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدىكى كومپارتىيە ئەزالىرى، كەڭ كادىرلار ۋە مەمۇرلارنى ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشكە، خەلق ئاممىسى ئايرىلالمايدىغان ياخشى پارتىيە ئەزاسى، ياخشى كادىر بولۇشقا چاقىردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شېن خاۋغا «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى»، «مەملىكەت بويىچە خەلق رازى بولغان مەمۇر» دەپ تولۇقلاپ شەرەپلىك نام بەردى.

بۈگۈنكى كۈندە، شياۋگاڭ كەنتىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى قەبرىستانلىقتا، شېن خاۋ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بۇ زېمىندا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)